ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# ئۈلگىدىن كۈچ قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولايلى

□گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىش، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكىنى شىنجاڭغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى. دوكلات بېرىش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى ئوخشىمىغان تەرەپ، ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تولۇپ تاشقان چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن بايان قىلىپ، ئۇنىڭ سادىقلىق بىلەن زىممىسىگە ئالىدىغان، قەسەم بىلەن ئىرادە باغلاپ كۈرەش قىلىدىغان، پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلاشمايدىغان، تۆھپىسىدىن مەغرۇرلانمايدىغان، نام - مەنپەئەت قوغلاشمايدىغان روھىنى جانلىق نامايان قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى بىر قېتىملىق چوڭقۇر روھىي تاۋلىنىش ۋە پارتىيەۋىلىك تەربىيەسىگە ئىگە قىلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىنى جانلىق دەرسلىك قىلىپ، ئۇلۇغلاردىن ئۆگىنىپ، ئۇلۇغلارغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇلۇغلاردىن بولۇپ، ئۈلگىدىن كۈچ قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

پېشقەدەم قەھرىمان جاڭ فۇچىڭ 60 نەچچە يىل نام - تۆھپىسىنى چوڭقۇر يوشۇرۇپ، بىر ئۆمۈر ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، خىسلىتىنى ئۆزگەرتمىگەن، ئىش ئىزلىرى تەسىرلىك بولۇپ، ئۇ باشتىن - ئاخىر كوممۇنىزم ئالىيجاناب غايىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەڭگۈ كۈرەش قىلىشنىڭ شانلىق ئۈلگىسى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىدىن ئاكتىپلىق ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، پارتىيەگە سادىق بولىدىغان سىياسىي خىسلىتىنى، نام - مەنپەئەت قوغلاشمايدىغان، دادىل ئۆزىنى بېغىشلايدىغان روھىي پەزىلىتىنى، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، بۇرچنى زىممىسىگە ئالىدىغان ئەمەلىي ئىستىلى ۋە ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەڭگۈ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى تىرىشىپ پۈتۈپ چىقىش كېرەك.

يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىشنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى كوممۇنىستلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئىدىيەۋى پەزىلەت ۋە مەنىۋى مەنزىلىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بەردى، بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇلۇغ، قەھرىمان نەمۇنىچى شەخسلەرنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقى، تەقدىرلەيدىغانلىقى، مۇكاپاتلايدىغانلىقى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارغا بولغان سەمىمىي ئۈمىدكە تولغان. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇلۇغ تېپىلارنىڭ ئالىيجاناب روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، پارتىيەۋىلىك جەھەتتە چېنىقىشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي خىسلەتنى مەڭگۈ ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاساسىي مەقسەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىر نىيەتتە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئىدىيەۋى مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەپ، پاك - دۇرۇسلۇقنى ساقلاپ، لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، دەۋر ئاۋانگارتى بولۇپ، ئەلا نەتىجە يارىتىپ، خەلققە بەخت يارىتىش كېرەك.

يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىشنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىشنى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى جانلىق دەرسلىك قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى ئۆگىنىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئۆگىنىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى پارتىيەۋىلىكنى كۈچەيتىش، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش، ئىستىلنى ياخشىلاش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا نامايان قىلىشى؛ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا تېخىمۇ پۇختا بولۇپ، تۆۋەنگە چۆكۈپ ئەلرايىنى ئىگىلەپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى يۈزتۇرا ئىگىلەپ، مەسىلىنىڭ نېمىلىكىنى، تۈگۈنىنىڭ قەيەردىلىكىنى ھەقىقىي ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەمەلىي تەدبىرى، قاتتىق تەدبىرىنى تېپىشى؛ دىققەتنى تەكشۈرۈش - كۆزدەتىشكە تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن، مەسىلىنى دەل جايىدا تېپىشى، ئەستايىدىل تەھلىل قىلىشى، چوڭقۇر تەكشۈرۈش - كۆزىتىشى؛ تۈزىتىشتە تېخىمۇ ئاكتىپ بولۇپ، «ئۆزگەرتىش»نى باشتىن - ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تېپىشى، بىر تەرەپتىن تۈزىتىشى؛ ئىستىلدا تېخىمۇ پۇختا بولۇپ، يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپتە چىڭ تۇرۇپ، دېگەن ئىكەن قىلىشى، قىلغان ئىكەن ياخشى قىلىشى، قىلغان ئىكەن ۋۇجۇدقا چىقىرىشى؛ مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھىدايەتچىلىك - يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك.

ئۈلگە كۆرگىلى بولىدىغان پەلسەپەۋى قائىدە، ئۈلگە كۆرسىتىش ئەڭ ياخشى قايىل قىلىش. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۈزلۈكسىز «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك.

# بىر قېتىملىق چوڭقۇر روھىي تاۋلىنىش ۋە پارتىيەۋىلىك تەربىيەسى

## —— يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنىدىن خاتىرە

□مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ شىڭرۇي، ياۋ تۇڭ

بۇ روھىي جەھەتتىكى بىر قېتىملىق تاۋلىنىش، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان پارتىيەۋىلىك تەربىيەسى. يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، پېشقەدەم قەھرىماننىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئارقىلىق تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا تارقالدى. جاڭ فۇچىڭنىڭ 60 نەچچە يىلدىن بۇيان نام - تۆھپىسىنى چوڭقۇر يوشۇرۇپ، ئۆمۈر بويى ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، خىسلىتىنى ئۆزگەرتمىگەن ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت كادىرلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، رىغبەتلەندۈردى.

نەچچە ئايدىن بۇيان، يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرى كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، كۆپچىلىك بەس - بەستە پېشقەدەم قەھرىمانغا ئاپىرىن ئوقۇدى، بارىكاللا ئېيتتى. دوكلات يىغىنىدا، دوكلات ئۆمىكى ئەزالىرىنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتقا تولغان تەسىرلىك بايانلىرى نەق مەيداندىكى ئاڭلىغۇچىلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، پېشقەدەم قەھرىماننىڭ پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا مۇتلەق سادىق بولغان ئىش ئىزلىرى ھەرمىللەت كادىرلارنى چوڭقۇر تەربىيەگە ئىگە قىلدى.

دوكلات يىغىنىدا، ئاڭلىغۇچىلار نۇرغۇن تەپسىلاتلارنى پۈتۈن زېھنى بىلەن زەن قويۇپ ئاڭلىدى. 70 نەچچە يىل بۇرۇن، ئىس - تۈتەك قاپلىغان جەڭ مەيدانىدا، ياش جاڭ فۇچىڭ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي، پىداكارلىق كۆرسىتىپ، باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ دۈشمەننى يوقاتقانلىق كۆرۈنۈشلىرى قەلبلەرنى لەرزىگە سالدى. دوكلات ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، خۇبېي ئۆلكىسى ئېنشى شۆبە ھەربىي رايونى سىياسىي خىزمەت باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى ليۇ خەيلۇن: ئادەتتىن تاشقىرى ئېچىنىشلىق يۇڭفېڭ ئۇرۇشىدا ئوق جاڭ فۇچىڭنىڭ باش تېرىسىنى سويۇۋېتىپ، ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغان، دېدى. ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە، كۆپچىلىك چىن كۆڭلىدىن قەھرىمانغا تولۇق ئېھتىرام بىلدۈردى.

«ئۇ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئاخىرقى چەككىچە قىسقارتتى، ئۆيدىكى ياغاچ دېرىزىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن، چاپاقلىشىپ كەتكەن تامنىڭ سىرى سۇۋىقى ھېلىلا سويۇلۇپ چۈشىدىغاندەك تۇراتتى...» دوكلات ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى لەيفېڭ ناھىيەلىك تارماق بانكىسىنىڭ بانكا باشلىقى لى گەنلىننىڭ نەزەرىدە، جاڭ فۇچىڭنىڭ نام - مەنپەئەت قوغلاشماي، نامرات ئۆتۈشنى تاللىغانلىقى كىشىنى قايىل قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۆگىنىشنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئومۇم بىلەن شەخسنى ئېنىق ئايرىيدىغان، ئاددىي - ساددا، ساپ ئىستىلى ئىختىيارسىز كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايتتى. جاڭ فۇچىڭ بوۋاينىڭ پارچە - پارچە ئۆگىنىش، تۇرمۇش سۈرەتلىرىنى كۆرگەندە، ئۇرۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن بۇنداق بىر پېشقەدەم قەھرىماننىڭ تۇرمۇشتا شۇ قەدەر ئاددىي، پاك بولۇشىنى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشى تەس ئىدى. جاڭ فۇچىڭنىڭ مۇنداق بىر ئەقلىيە سۆزى بار: خىزمەتتە دەم ئېلىشقا چىققان بىلەن، سىياسىيدا، ئىدىيەدە ھەرگىزمۇ دەم ئېلىشقا چىقىشقا بولمايدۇ! سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، لى گەنلىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئۇ ئەسلىي مەقسەتنى ئەسلا ئۇنتۇمىغان، ئۇنىڭ ئىزچىل نامرات ياشىغانلىقى، ئۇنىڭ نام - مەنپەئەت قوغلاشمىغانلىقى ۋە ئاددىي - ساددىلىقى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ».

دوكلات ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئېنشى تۇجيازۇ - مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ خىزمەتچىسى تيەن ۋېنلى مۇنۇلارنى بايان قىلدى: 1960 - يىلى، جاڭ فۇچىڭنىڭ زىممىسىدە مۇھىم ۋەزىپە بولغاچقا، ھەتتا ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىمۇ ئۇلگۈرۈپ بارالمىغان، پەقەت كەچتە تاغ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، يۇرتى تەرەپكە قاراپ تەزىيە بىلدۈرگەن. جاڭ فۇچىڭ: «خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئۆزى ئانامغا قايتۇرغان ئەڭ ياخشى جاۋابىم، قىلغان ئەڭ ياخشى ۋاپادارلىقىم!» دېگەن. ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى، بەزىلەر كۆز يېشىنى چاندۇرماي سۈرتۈپ، ئۈنسىز ئېھتىرام بىلەن جاڭ فۇچىڭغا رەھمەت ئېيتتى. نۇرغۇنلىغان جاڭ فۇچىڭغا ئوخشاش چوڭ ئائىلىسى ئۈچۈن كىچىك ئائىلىسىدىن ۋاز كەچكەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خالىس تۆھپىسى بولغاچقىلا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇشتىن بېيىشقىچە، يەنە قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان شانلىق مۇساپىسى بولغان.

بۇ يىل 3 - ئايدا، جاڭ فۇچىڭ ئەينى ۋاقىتتا تۇرغان شىنجاڭدىكى قىسىم ۋەكىل ئەۋەتىپ ئۇنى يوقلىغان، بوۋاي بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، قىسىمنىڭ ۋەكىلىگە تەنتەنىلىك بىلەن ھەربىيچە سالام بەرگەن. نەق مەيداندا قويۇلغان قىسقا فىلىمدىكى بۇ كۆرۈنۈشتىن ھەممەيلەن تەسىرلەندى. جاڭ فۇچىڭ بوۋاينىڭ نەۋرە قىزى جاڭ رەن مۇنداق دېدى: «بۇ ھەربىيچە سالام ئىلگىرى جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن قان تۆككەن جەڭچىنىڭ ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىشىدۇر؛ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇشى، بېيىش، شۇنداقلا قۇدرەت تېپىشىغا گۇۋاھ بولغان پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسىنىڭ ۋەتەن ۋە خەلققە بولغان چەكسىز چوڭقۇر مۇھەببىتىدۇر».

دوكلات بېرىش يىغىنىدا، نۇرغۇن بايانلار ئاڭلىغۇچىلارنى تەسىرلەندۈردى، مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى. «مېنىڭ جەڭ قىلىشىمدىكى سىرىم ئۆلۈمدىن قورقماسلىق. غەلىبە - مەغلۇبىيەتنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچ —— ئېتىقاد ۋە ئىرادە. پارتىيە ۋە خەلق ئېھتىياجلىقلا بولىدىكەن، مەن قۇربان بولۇشقا رازى، قۇربان بولۇشمۇ شەرەپلىك!». پېشقەدەم قەھرىماننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. چۈنكى بۇ دەل جاڭ فۇچىڭ ۋە ئون مىليونلىغان ئىنقىلابىي ھەربىيلەر جان پىدالىق كۆرسىتىپ، ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، خەلقنىڭ بەختىنى كۆزلىگەچكە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولدى، دۇنيانىڭ شەرقىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى.

ھەربىي قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، جاڭ فۇچىڭ ئەۋزەل شارائىتتىن ۋاز كېچىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى لەيفېڭ ناھىيەسىگە كېلىپ خىزمەت قىلىشنى تاللىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «پارتىيە مېنى قەيەرگە بار دېسە مەن شۇ يەرگە بارىمەن، بۇ يەرنىڭ شارائىتى ناچار، كومپارتىيە ئەزالىرى كەلمىسە كىم كېلىدۇ؟» ئۇ چاغدا، لەيفېڭ ناھىيە بازىرىدا پەقەت ئۈچ يول، توققۇز كوچا، 5000دىن كۆپرەك ئادەم بار بولۇپ، ئىقتىسادى قالاق، خەلق تۇرمۇشى قىيىن، تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. ئەمما جاڭ فۇچىڭ ئۇنداق قارىمىغان، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان تۇرسام، جاپادىن نېمىشقا قورقىمەن!» بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەيداندىكىلەر گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى، كىشىلەر ئەڭ سەمىمىي ئالقىش بىلەن پېشقەدەم قەھرىماننىڭ خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن قايىل بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

لى گەنلىنغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى جاڭ فۇچىڭنىڭ ئاددىي - ساددا سۆزى ئىدى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن قېرىپ، دەم ئېلىشقا چىقتىم، ئەمدى پارتىيەگە، دۆلەتكە تۆھپە قوشالمايمەن، ھازىر بىردىنبىر قىلالايدىغىنىم دۆلەت ئۈچۈن قانچىلىك تېجىيەلىسەم شۇنچىلىك تېجەش.» جاڭ رەن بوۋىسىنىڭ بىر پۇتى كېسىۋېتىلگەندىن كېيىن، 88 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆرە تۇرغانلىقى ھەم بىمالال ماڭغانلىقىنى سۆزلىگەندە، پەخىرلىنىپ مۇنداق دېدى: «بوۋامنىڭ بىر پۇتى كېسىۋېتىلگەن بولسىمۇ، يىقىلماس تاغدەك مەزمۇت تۇرالىدى!»

پۈتۈن مەيداندا ئۇزاققىچە قىزغىن ئالقىش ياڭرىدى! كىشىلەر پېشقەدەم قەھرىمانغا ئېھتىرام بىلدۈردى، پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسىغا ئاپىرىن ئوقۇدى، سادىق، ساددا، قەيسەر بۇ پېشقەدەم جەڭچىگە ئەڭ گۈزەل بەختلەرنى تىلىدى!

(بېشى 1 - بەتتە)

مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشتەك خىزمەت ئىستىلىنى، ھەممىدىن غالىب كېلىشتەك قەھرىمانلىق خىسلىتىنى تولۇپ تاشقان چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن بايان قىلدى.

چېن چۇەنگو مۇنداق دېدى: پېشقەدەم قەھرىمان جاڭ فۇچىڭ ئۆمۈر بويى ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلىدى، خىسلىتىنى ئۆزگەرتمىدى، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىدىن بىز بىر قېتىملىق چوڭقۇر روھىي تاۋلىنىشقا ۋە پارتىيەۋىلىك تەربىيەسىگە ئىگە بولدۇق. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىغا قارىتا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر، پۇختا قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىنى جانلىق دەرسلىك قىلىپ، ئۇلۇغلاردىن ئۆگىنىپ، ئۇلۇغلارغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇلۇغلاردىن بولۇپ، ئۈلگىلەردىن كۈچ ئېلىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك. يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاشتەك سىياسىي خىسلىتىدىن ئۆگىنىپ، پارتىيەگە سادىق نەمۇنىچىلاردىن بولۇش كېرەك. ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇپ، «تۆت ئاڭ» «تۆت ئىشەنچ» «ئىككىنى قوغداش»نى ئىدىيەگە كىرگۈزۈش، روھقا سىڭدۈرۈش كېرەك. يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ نام - مەنپەئەت قوغلاشمايدىغان روھىي پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ، دادىل ئۆزىنى بېغىشلايدىغان نەمۇنىچىلاردىن بولۇش كېرەك. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش، چىن قەلبى بىلەن خەلقنى كۆزلەش، دۆلەت مەنپەئەتىنى كۆزلەش، پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلاشماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭدا يىلتىز تارتىپ، چېگرا رايونغا تۆھپە قوشۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ ئىنقىلابىي خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاش كېرەك. يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشتەك ئەمەلىي ئىشلەش ئىستىلىدىن ئۆگىنىپ، بۇرچنى زىممىگە ئالىدىغان نەمۇنىچىلاردىن بولۇش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، غايە - ئېتىقادقا بولغان ئىنتىلىش ۋە چىڭ ساقلاشنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۆزىنى پاك تۇتۇشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن ئۆگىنىپ، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇش كېرەك. توغرا كەيپىيات يېتىلدۈرۈپ، پاك - دۇرۇس بولۇپ، پاك ئادەم بولۇپ، پاكىز ئىش قىلىپ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش، ئومۇم بىلەن شەخسنىڭ مەنپەئەتىنى ئېنىق ئايرىش، ئالدى بىلەن ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى، ئاندىن شەخسنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاش، ئومۇم ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتنى ئۇنتۇش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىنى ئۆگىنىشنى پۇرسەت بىلىپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. بىرىنچى، ئۆگىنىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى پارتىيەۋىلىكنى كۈچەيتىش، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش، ئىستىلنى ياخشىلاش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، تېخىمۇ پۇختا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تۆۋەنگە چۆكۈپ خەلق ئەھۋالىنى چۈشىنىپ، ئەمەلىي ئەھۋاللارنى يۈزتۇرا ئىگىلەپ، مەسىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، تۈگۈننىڭ قەيەردىلىكىنى ھەقىقىي ئېنىقلاپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىش كېرەك. ئۈچىنچى، دىققەتنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىشكە تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرگە دادىللىق بىلەن بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، سەۋەنلىكلەرنى دادىل تۈزىتىپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى ئارقىلىق، مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ، ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈش - كۆزىتىش كېرەك. تۆتىنچى، تېخىمۇ ئاكتىپ ھالدا تۈزىتىپ، «تۈزىتىش»نى باشتىن - ئاخىر ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تېپىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا تۈزىتىش ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. بەشىنچى، ئىستىلدا تېخىمۇ پۇختا بولۇپ، يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپتە چىڭ تۇرۇپ، ئۈنۈمپەرسال تەدبىر قوللىنىپ، ھادىسىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەپ، دېگەن ئىكەن قىلىش، قىلغان ئىكەن ياخشى قىلىش، قىلغانىكەن چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىرىش، بىر مەسىلە - بىر مەسىلىدىن ھەل قىلىش، ھەقىقىي، ئەمەلىي بولۇش داۋامىدا پەزىلەتنى تاۋلاپ، قىممەت يارىتىش كېرەك. ئالتىنچى، مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)لار تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ھىدايەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، پارتكوم(پارتگۇرۇپپا) شۇجىلىرى باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىپ، بىرىنچى مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، بۇرچنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇشى كېرەك.

دوكلات بېرىش يىغىنى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركەز 6 - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى يىغىنغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۇەن رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى؛ ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەرقايسى كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ 1 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىرى، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى؛ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار؛ ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرى قاتارلىقلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى. ھەرقايسى ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە(شەھەر، رايون)، بىڭتۇەن ئورگىنى، ھەرقايسى شى (شەھەر)، تۇەن (چاڭ)لاردا شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى.